اورومچیدەگی ساویت قونسولی آپریسەفنگ کاشغار سیاحتی وه اونگ نتیجەلەری تأریخنگ اونوتمایتورغان وقعەلاریدر. کاشغارداغی ساویت قونسولی عبدالرحمن تریغولوفنگ معاملەسی انقلابنگ فکر وه غایه مجادلەسیده مهم بحثلەرنی تشکیل قیلادر!

محمود محیطینی اورومچیغا هیچ کوروشمەگەن «داهی دوبەن جنابلاری» ایله کوروشوگه دعوت قیلدیلار. بو دعوتنگ معناسی معلوم وه عاقبتی بیلگیلی ایدی. منحوس غایەلەرینگ تحققی أوچون أك بویوك



مانعنی هەم اورتادان کوتەرمەکچی ایدیلەر. خارج ایله علاقه وه باغلانیشی بوتونلەی کیسیلیب قویولغان بو محصور أولکەده مشئوم اجرآتلارینی قیلماقدا ایدیلەر.

کوندەن کون وضعیت وخامت کسب ایتیب باردی. وقت آز قالا باشلادی. تورلو مصلحت وه اطرافلی توشونجەلەردەن کیین دین، ملت وه وطن سلامتی أوچون أك خیرلی ایش سیجاك (گەنەرال) محمود محیطینگ خارجغا چیقیشیدا کورولدی. اورومچیغا باریب أولمەك ملتگه خدمت قیلالماسدان وه مجادلەنگ معناسینی لایقیله اورتاغا قویالماسدان توگەب کیتمەك دیمەکدی. أوزیچه بوگا راضی بولوب تسلیم بولماق موافق ایمەس ایدی. ایکنچی جهت—شاید أولدورمەگەنده خواجەنیاز حاجیغا اوخشاش «خوش-خوش»چی بولوب بر منصبدا اوتورماق ایدی، که بو ذلتنی قبول ایتمەك پاك تأریخنی قارالاماق، مقدس غایەنی آیاق آستیغا آلماق بولور ایدی. ملتنگ ابدی لعنتیگه قالماق ایدی!...

تورك عسکرلەریگه مجبوری تارقالغونچا تینچ وه اطاعتلی توروشنی توصیه قیلیب گەنەرال محمود محیطی خارجغا چیقیب کیتیشکه مجبور بولدی (۲ آپریل ۱۹۳۷).

شرقی تورکستان أولکەسیگه ایگەلیك ادعاسیدا بولغان وه مرکز نامینی تاشیغان نانکیننگ سیاستی نه ایدی؟ او شمال غربی ولایت (شرقی تورکستان)نگ حال حاضرغی وضعیتیگه نه بها بیرەر ایدی؟ شاید نانکین أوز باشیداغی فلاکتلی مجادله ایله مشغول بولوب اورومچی احوالینی یاخشی بیلمەگەن وه یا بیلگەن تقدیرده هەم علاقەسزلیقدا قالغان بولسا، قوشنولارنگ بو حقداغی توشونوشلەری نه ایدی؟ بو خصوصلارنی اورومچی تضییقاتی آستیدا تورغان تورکستان داخلیده تیکشیرو وه قطعی قناعت ایته بیلو امکانی یوقدور. اونگچون محمود محیطی برآز آزاد نفس آلماق ممکن بولغان یيرلەرده توروب بو خصوصلارنی تیکشیرمەك ایستەر ایدی..

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## دونگەنلەرنگ باشچیسز قالغان تورك عسکرلەرینی اغفال ایتیشی

## وە

## اولارنگ أڭ کینگی امحا خدمتی

خوتاندا یاشاماقدا بولغان دونگەنلەر محمود محیطی‌نگ توتولوشی
أۈچون اورومچی‌نگ امرینی آلدیلار. ذاتاً اولار أوزلەری أوچون
امانسز دوشمان بیلدیکلەری محمود محیطی‌نی هەم اورومچی‌غا یارانماق
هەم دە أۈز شخصی کینلەرینی تطمین ایتمەك أۈچون توتماق ایستەدیلەر.
محمود محیطی اوزاقلاب کیتکەن ایدی. اغفالاتغا باشلادیلار. اولار
«بز سیجاڭ محمود محیطی ایله کوروشوب قالماقنی ایستەر ایدیك.
اورومچی‌غا قارشی اورۈشوشنی تیلەر ایدیك» دیب محمود محیطی‌نگ
یورتدا قالغان تورك عسکرلەرینی آلداتدیلار وە أوزلەرینگ «اولار بیلەن
یاقینلغینی هیچ کیم بیلمەسین» دیدیلەر.

تورك عسکرلەری محمود محیطی‌دان کیین مختلف فکرلەردە بولوب
نهایت آلداتیچی تکلیفلەرگە مغلوب بولدیلار. أوز آرالاریدان کیچیك
رتبەدە بولسا هەم غیرتلیك دیب عبدنیازنی موقت سیجاڭ کوتەردیلەر.
یەگیدەن عسکری تعینلەر قیلیب توردیلار. دونگەنلەر ایکی یوزلو
سیاستلەرندە دوام ایتب، اورومچی‌نی هەم راضی قیلماق هەم اغفال‌ایتمەك
یولینی توتوب، ایکنچی طرفدان تورکلەرگە صداقت بیلەن ایشلەشیشکە
تاییار بولغانلیقلارینی سیزدیرتیب توردیلار.

تورك عسکرلەری یارکندنی آلیب مرکز قیلدیلار(١٠ آپریل١٩٣٧).
او یردەن چەتە باسماچیلغی شکلیدە کیچیك مفرزەلەر ایله مارالباشی،
فیض آبادغا اوخشاش یرلەردەگی «گوڭ-نەن-جوی» أدارەلەرینی باسیب
توردیلار. کاشغاردان هیئتلەر باردی، اولاردان دا وکیللەر کیلدی...

دونگەنلەر تورت یوز قادار عسکرلەرینگ قیافەلەرینی أوزگەرتیب،
اولارنی تورکلەرگە قوشدیلار. تورکلەر اولگی‌اورومچی‌عسکری‌رتبە وە
اونیفورمالارینی تاشلاب تا سیجاگدان نفرگەچە هەممەسی سادە کینگەن



لەر ایدی. دونگەنلەرنگ ارکان حربیەسیله تورك ارکانی آراسیدا بر
پلان توزولدی: گویا دونگەنلەرنگ تورکلەر بیلەن برلەشکەنلگی معلوم
بولماسین دیب یالغاندان بر مانەورە اوروشی قیلیش وە بونگ نتیجەسیدە
تورکلەرنگ قاچیب کاشغارغا یوروشی، دونگەنلەرنگ اولارنی تعقیب
ایتب کاشغارغا باریشی پلانی توزولدی... پلانی قورولغان اوروش
یارکندە وە یارکند دریاسی بویوندا بولدی(٢٠ — ٢٦ مای ١٩٣٧).
تزیغی شوکە، بو سوغوشدا اورومچی آیروپلانی یوقاریدان سیر ایتب
توردی. دیمەك پلان اورومچی‌غا تولوقچا خبر قیلنغان ایدی. تورکلەر
قاچدیلار، پلان بویونچا مختلف قولدان کاشغارغا یورودیلەر وە کیر-
دیلەر(٢٩ مای ١٩٣٧). آلتی کون سوغوش بولدی. «گوڭ-نەن-جوی»
دە اوچیوزگە یاقین دینچی، ملتچی، یورتچی زمرە قاماقدا ایدی. بولار
اوستیگە لامپایاغی توکوب کویدوروب أولدوردیلەر(٣٠ مای ١٩٣٧).
مقصد بو محبوسلارنگ تورکلەر طرفیدان قوتقازیلماسلغی ایدی. ایکی
کون کیین یەنە شو «گوڭ-نەن-جوی» منطقەسی ختایلار قولیغا توشدی.
ختایلار عزیز وطننگ قیمتلی بالالارینی کویدوروب(برنچی‌ایون١٩٣٧)،
اولارنی تانیلماس حالغا کیتردیلەر. اورومچی خاتون وە بالا-چاقا آرا-
لاش گناهسزلارنی مەنە شوندای محو ایتدی!

ما-خو-سەن کاشغارغا کیلیب اولتوردی. تورکلەر گویا قاچیب
مارالباشی، اوچتورفان وە نهایت آقسوغا کیتدیلەر. دونگەنلەر اولار
آرقاسیدان قوغالاب باردیلار. کاشغارداغی اورومچی قوتی کاشغارنگ
یەگی شهریدە قالدی. اولارنی یاخشی محافظە قیلغان دونگەنلەر، ما-
خو-سەن باشدا اولماق أوزرە، دیەرلیك هەرکون روس قونسولوسلغندا
ضیافتدە ایدیلەر. اوروشوب أولوب یورگەن تورکلەر بولدی. شهردە پول
آلیش، تالان، بولشەویك دیب أولدوروش دوام ایتدی. حالبوکە گوڭ-
نەن-جوی‌نگ باشلوغی بر اویدە عیش و عشرت ایله ساقلاندی. عبدنیاز
نگ ما-خو-سەن‌گە یازغان خطلاری، مکتبلەرگە وە دینی-ملی مؤسسە-
لەرگە یاردەم ایتیشینی سوراب، قادر حاجی وە شوگا اوخشاغانلارنگ

يوق قيلينيشى خصوصدا قيلغان رجالارى وه بوگا ماخوسەننگ التفات قيلماسدان وه يالغاندان «بوتونيسى ديگەنگزديك ، سيز خاطرجمع بولوب اوروشوب تورينگ» (٦ - ٧نچى آيلاردا وه مختلف مكتوبلەريده)ديگەنى ، انقلاب تأريخينگ كوز ياشلاريله يازيلاتورغان مهم صحيفەلەريدر. بيچاره عبدنيازنگ صاف وجدانى ، جاهل دماغى بونداى شيطانليقلارنى آڭلاوغا مانع ايدى. بونگ أوستيگه اونگ ياندا هەم نحوستلى سيمالار بار ايدى. اوچوروشغا ، توزاققا توشوب هەركون يه برآز آياغى باغلانماقدا ايدى. اونى وه اونگ تمثيل ايتديكى تورك عسكرلەرينى محو ايتمەك اوچون أوز ديننداشى أوز نفعى أوچون اونگ آياغيغا چالما ساليشغا اورونماقدا ايدى... ايسيزكه ، عبدنياز أوزيگه قيلنغان اشارەلەرنى ،اونى اويناتماقچى بولغان تاوشنى او توپالان ايچيده ايشيته آلمادى... «قاچ ، تهلكه بار!» ديگەن آواز هەم بوغولدى!.. بو آرادا يه قوربانلار كيتدى...

آه دين ، اى مقدس اسلام دينى! سەنى حالا وه بونچا آچيق وه آچچيغ حقيقت وه تجربەلەردەن كيين هەم بزگه صاف شكلده اوقوتورمايدرلارمى ؟ عجبا بزنگ باشيمزداغيلار دوشمان أيله شريكمى ، نيمه ؟... دين نامىغا ايشلەنگەن بو جنايت وه خيانتلەرنگ مسئولى كيمدر ؟...

تورك عسكرى اورتادا قالدى. اورومچى طرفنگ قوتى ، مقابلەسى تخمين ايتلگەن شكلده بولمادى. بو حال بر طرفدان او زمانلاردا آلتاى وه قومول طرفلاريدا بولغان انقلابنگ تأثيرى وه نتيجەسى بولسا هەم اصل مقصد تورك عسكرلەرينى اورتاغا آليب بارماق ايكەن...

يورتنى تينچيتديق ، ايندى تعميراتغا باشلايمز ديگەن اورومچى حكومتينگ انقلابدان ايلگەرى باغلانيش وسائطى نقصان ايدى ، آيروپلانى محدود ايدى. اما بوكيينگى سوغوشدا شرقى توركستان أوستيده آيروپلان حربى بولدى ، بومبا ، غاز ايشلەتيلدى. أڭ كيينگى سوغوش قورالّلارى بو اوروشدا تجربه قيلينيدى. ايچكى سوغوشغا بى‌طرف روسيا أوز هوا وه عسكرى كوچى بيلەن بو اوروشغا قاتناشدى. عسكرلەر آفتامابيللەر ايله نقل ايتلديلەر...



ماراالباشيدا اوراليب قالغان ختاى عسكرلەرينى ساقلاب تورماقچى بولغان متفق دونگەن عسكرلەرى اولارنى اوچتورفان أوستيگه تورك عسكرلەرى آرقاسيدان يوبارديلار (٢٩ ايول ١٩٣٧). دونگەن ماخوسەن توركلەرگه اوروشماسدان توروشنى توصيه قيليب امر بيردى(١٠ ايول ١٩٣٧). حالبوكه بو ، اورومچى عسكرينگ وه ماراالباشيدان قووولوب يوباريلغان عسكرى كوچنگ (بو هەم اورومچى عسكرى‌ايدى.) آرقادان يتيشيب تورك عسكرلەرينى اورتادا غافل حالده قالديرماق اوچون ديننداش دونگەنلەرنگ قرآن توتوب قيلغان اتفاقلارينگ اوروغا كيلتريليشى ايدى!... درحقيقه اون‌كون ايچيده پلان عيناً تطبيق ايتلدى. بو آرادا جبهەدەگى دونگەنلەر مخفى امر بيلەن بولەك طرفغا ، كوچارغا كيتديلەر. ماراالباشيغا كيلديلەر. توركلەر بو آرقا وه آلديدان بولغان آنى هجومدان پراكنده بولوب ، آى‌كول وه كلپين‌گه قاچديلار. عبدنياز قالغان عسكرلەر بيلەن اوروشوب يوروب نهايت او هەم كلپين‌گه كيلدى. (٤نچى آوغوست). ماراالباشيدان خبر آليب ، بو يول أوستيدەن كاشغارغا متفقلارى يانيغا ، دوست دونگەنلەر آلديغا بارماقچى بولغان توركلەر ماراالباشينگ روس—قيرغيز عسكرلەرى ايله تولغانينى أورگەنديلەر(١٠ آوغوست). توركلەرنگ قايتش يولى اورومچى قوتى بيلەن تولغان‌ايدى. شاپورغا هەممه عسكرلەرنى توپلاب ، مەركيت يولى ايله گوما وه خوتانغا أوتمەكدەن باشقا چاره يوق ايدى. بو زماندا دونگەنلەرنگ اساس قوتلەرى كاملاً امين يرلەرگه چيكيليب آلغان ايدى.

روسيادان عسكرى قوتلەر كيله باشلادى. تارقاتيلغان شايعەدا گويا اورومچى عسكرلەرى روسيا آرقالى كيلگەن ايدى. دونگەنلەر ايكى فرقه بولديلار. برقسمى اورومچى‌غا قاراشلى بولوب ، بولار گويا موسقوادان كيلگەن ماجوايگ امرى ايله حركت قيلديلار. شايعەدا ماجوايگ‌نگ موسقوادان شرقى توركستانغا ايرگەشتام آرقالى كيلگەنلگى سويلەنيردى. برقسم دونگەنلەر ماخوسەن‌گه تابع بولوب ، بولارگويا اورومچى‌غا قارشى ايديلەر. ماخوسەن‌گه قاراشلى سەكيز «لوى»

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى



(هەر «لوی» تورت «تەن» عسکر دیمەکدر.) عسکرنگ اوچی ما-خو-سەنگە قارشی بولدی. فیض‌آباد ایله آقسو جبهەسیدەگی وە یەگی حصار یولیداغی (تازغونداغی) دونگەن عسکرلەری ۳۶نچی سیجاگلق عسکری نشانینی ترك ایتدیلەر. فیض‌آباداغی «لویجاڭ» عسکرلەری ایله برنچی سەنتابر ۱۹۳۷دە کاشغارغا کیردی. کاشغارداغی «لویجاڭ» عسکرلەرینی آلیب اوروشماسدان چیکیلدی. کاشغار رسماً اورومچی قولیغا أوتدی، اوکون قادر حاجی بوشاتیلدی، یەگی شهردەگیلەر سربست براقیلدیلار. ایرتەسی کون «گوڭ-نەن-جوی» باشلوغی قادر حاجی ایشکە باشلادی.

یارکندە بولغان ما-خو-سەن اولدەن حاضرلانیب قویغان ایدی، هندستانغا قاچدی (٦ سەنتابر). ما-خو-سەنگە قاراشلی عسکرلەر یارکند اطرافیدا داغینیق حالدە قالدی. توپ-توپ قیزیل دونگەنلەرگە قوشولوب، یورتنی تالاب-بولاب، أولدوروب یوردی. عبدنیازلار آرقاغا چیکیلیب، یولدا اوروشوب نهایت (۱۷ سەنتابردە) پوسکامغا کیلدیلەر. باغجیکدەدە روسلارنگ باسقینیغا اوچرادیلار (۱۷ سەنتابر). عسکرنگ قوۀ معنویەسی بوزولدی. بیك یامان بر شکلدە خیانتگە قربان بولغانلیقلارینی آگلاب روحاً کوپ پریشان بولدیلار. متفق ما-خو-سەن اوز جانینی وە بوتون یورتنگ مال-سامانینی آلیب، اڭ چیرکین خیانتنی ارتکاب ایتب اورتادان غایب بولغان ایدی. تورکلەر کیچە متفقلیق ادعاسیدا بولغان دونگەنلەردەن برقسمینگ قارشیلاریدا دوشمان جبهەسیدە أوزلەریگە قارشی اوروشوب تورغانینی کوروب پشیمان بولدیلار، ندامت قیلدیلار!...

اورومچی قاچیب کیتکەن ما-خو-سەننگ یریگە فیض‌آباداغی «لویجاڭ»نی «سیجاڭ» قیلیب، قارا دونگەن ایله حیران قالغان بیچارە تورکلەر اوستیگە یوباردی.

تورکلەر جداً پریشان بولدیلار. «ما-فو-یەڭ» ابدی صداقت عهدی بیلەن خوتانغا قاچدی. اورومچی عسکرلەری طرفیدان (دونگەنلەر برگە) خوتان هەم اشغال ایتلدی (۲۲ سەنتابر).



اورومچی حکومتی تورکلەرگە ایناناس ایدی وە بولارنگ قیلغان انقلابلارینگ بوکونکی شکلدە اورومچی حکومتی قورولوب، ساویت رەژیمیدە برأدارە بولوب توگەشیگە ناراضی ایکەنلیکلەرینی بیلیر ایدی. اونگ أوچون تورکلەرنی جبری روشدە اطاعتیغا آلماق ایستەردی. «گ. پ. او.» تشکیلاتی فعالیتینی زورایتا باشلادی. محمود محیطی شرقی تورکستاندان چیقیب کیتکەندەن کیین «گ. پ. او.»نگ شدتی حددان آشیب کیتدی. کاشغاردا بولغان حبسخانەنگ تورتی‌دە تولوب تاشدی. محمود محیطی‌غا سلام بیرگەنلەرنی، هندستانغا باریب کیلگەنلەرنی، کاشغاردا انگلیز قونسولخانەسیدە بولغان حاستاخانەگە باریب یورگەنلەرنی، حتی او کوچەدەن أوتکەنلەرنی حبس ایتدیلەر. گویا بولار سیاسی مجرملەر ایدی!... خلق بو شدت وە ظلمدان بیزار بولغان ایدی. مەنە شو احوال حکم سورەرکەن محمود محیطی‌نگ عسکرلەری قوزغالیش یاساب، جدی اوروش نتیجەسیدە کاشغارنی آلدی. خلق بو حادثەدەن کوب سیویندی. هەر طرفدا روح کوتەریلیب عمومی سیوینچ بولدی. خلق اورومچی حکومتی دیمەسدەن اوگا «گوڭ-نەن-جوی» دیر ایدی. «گوڭ-نەن-جوی» حکومتیدەن قورتولغانیغا سیوینگەن خلق کوگللو عسکرلەر قاتاریغا یازیلیب، بار-یوغینی بیریشکە هەم راضی بولدی.

محمود محیطی‌نگ مملکتدەن چیقیب کیتکەنینی (۲نچی آپریلدە بولغان وفعەنی) آقسو وەاطرافیدا رسماً اعلانی‌خیلی کیچ (۱۷نچی آپریلدە) بولمشدور. حالبوکە کاشغارداغی غازیتالاردا اورومچی‌حکومتی غولجا، چوگوچەك، آقسو، خوتاندان کیلگەن نفرت تلغرافی دیب خلققا یالغان تلغراف وەیالغان مجلسلەرنگ قرارلارینی تاراتیب تورغان ایکەن!... ۱۲نچی آپریل اورومچی حکومتینگ قورولوش کونی بولغانیدان هەر طرفدا دبدبە ایچیدە أوتکەزیلمەکچی بولغان بوکون ماتم ایچیدە اوتکەن ایدی. کذا محمود محیطی عسکرلەرینگ کاشغارنی ضبط ایتکەنینی دە اطرافغا شایع قیلماغانلار. شونداغ بولسا هەم بو خبر قولاقدان قولاققا ایشیتلیب، اورومچی

دان ناراضى بولغان خلق يورتنڭ هەر طرفيدا كوتەريليب ، كوچار ،
تورفان ، قارا شهر وە اطرافلاريدا يكرمه ميڭلەب خلق قوزغاليش ياسا-
غان. قوزغالان اوچتورفان اطرافلاريدا هەم بولغان... ايسيزكه بو
قوزغالانلار هەم مغلوبتيگه اوچراب ، ميڭلەرچه آدام أولدى. كوب
تورك قانى توكولدى...

## سوڭغو احوال

اورومچى خاطرجمع بولدى ، دونگەنلەر خوتاندا بر مرض حاليدا
ايديلەر. توركلەرنڭ مادى ، معنوى قوتى آشيب كيتمەكدە ايدى. بو
تولوب تاشيش بر مدت اوچون باش كوتەرالماس بولوب ايزيليشكه سبب
بولدى. اورومچى قوتى دونگەنلەرنى قتل عام قيلدى ، توركلەرنى قولغا
توشوردى. شبهەلى آداملارنى كاملاً قامادى. يالغز خوتاندا تورت ميڭ ،
كاشغار شهريدە اوچيوز آدام حبس ايتلدى. گوك-نەن-جوى شدتلى صورتده
توتوزوب ، هەر طرفغا سالديريب امحا سياستينى يوروتدى. دينچى ،
ملتچيلەرنى «جهانگيرلەر قويروغى» ديب يوقاتيشغا باشلادى!... موسقوا
دان كيلگەن قيزيل ما-جو-ايڭ گه توركلەرنى عسكر قيليب ، بولارغا
قالغان دونگەنلەرنى قوشوب قانسو - سوجو يوليغا ياپونلارغا قارشى
چيقاردى. موسقوادا يېگەن توزينى حلال قيلماقچى بولغان مسلمان ما-
جو-ايڭ روس آماليغا خدمت قيلغان ما-خو-سەن دەن هەم يوزى قارا بر
شكلده روس امريله حركت ايتمەكدەدر.

مجاهدلەرنڭ برقسمى قارانغو تاغدا (خوتان اطرافيدا) ، راسكامدا
(يارکند تيوەرە گيدە) ديگەن خبرلەر بار. بولار جانلارينى ساقلاسالار
هەم شكر ايتەرليكدر.

اورومچى نڭ بوكونكى سياستى روسيانڭ شرق حدوديدا ساقچيلق
قيليشدر. بونڭ اوچون شرقى توركستان اهاليسى قوربان بولور.

خارجى دنيا ايله علاقەسى كيسيلگەن شرقى توركستاندان بر خبر
آليش امكانسزدر. اجنبى محافل تماماً مكتوم بر حالده. داخيلده گيلەر-



نڭ خارج بيلەن باغلانيشى يوقدور. اسويچلەر هەم ياركندده محصور
حالدا بولوب قاتناشيقلارى كيسيلگەن. بولار انگليز قونسولخانەسى ايله
علاقه قيلماسينلار ديب باريسينى ياركندگه سورمشلەردور.

مدنى كسوەگه بورونغان وحشى مخلوقلارنڭ أدارەسى جداً
وحشيانەدر. اوزاقدان اوزاقغا كيليب قالغان خبرلەر بعضى بر فاجعەدان
معلومات بيرسه دە ، تولوق معلومات آليش امكانسزدر.

## نتيجه

يتنچى يلغا آياق باسقان شرقى توركستان انقلابى يوقاريدا غايت
قيسقا خلاصه قيلينڈى. بو انقلابنڭ نه شرقداغى انقلابلارله وە نەدە
غربداغى قوزغالانلار ايله اوخشارلغى باردر. باشلانيشندان تا بوكونگەچه
بر خصوصيت وە فاجعه ايچيده أوتكەن بو انقلابنڭ تورك - اسلام دنياسى
طرفندان كوب دقت ايله تيكشيريليشى كيرەك. حاضرلقسز ، دوشمانلارنڭ
احوالى وە سياستى تيكشيريلمەسدەن ، غايه وە مقصدى بيلگيلەنمەسدەن
باشلانغان بر انقلابنڭ نتيجەسى شونداى فاجعەلى بولور ايكەن. حسن
نيت ايله موفقيت وە ساده دل ليك ايله غالبيت بولماس ايكەن!...

علم آداملارى شرقى توركستان انقلابينى علمى باقيمدان تيكشيرەر-
كەن محقق كوب معنا چيقارارلار.

شرقى توركستان انقلابى تمام شرق وارى بر توكل ايله باشلانيب ،
سوڭراق تورلو مقصدلار استقامتنده باريب ، كيين ملى بر شكل آلدى.
فقط باشلانغيچدان تا بوكونگەچه ختايلاردان زياده روسلار بيلەن او-
روشقان مجاهدلەر سياستنڭ عصرى شيطانليقلارى وە داخلده گى خيانتلەر
بيلەن دە شدتلى مجادله مجبوريتنده قالديلار.

علم آداملارى انقلابنى تيكشيريب تورسونلار ، بز ايندیليك اوندان
توپال شكلده شو نتيجەنى چيقارا بيلەميز : بر انقلاب أوچون برنچى :
قطعى ايمان — أراده — عزم ، ايكنچى : معين بر هدف — مقصد ،
اوچنچى : بو ايمانڭ ، بو أرادەنڭ تعقيب ايتديگى مقصدغا يارارليق
عنصرلار يعنى ساغلام تشكيلات وە عصرى مجادلەگه عصرى علم ، فن ايله

ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قورااللانغان درايتلي، لياقتلي كشيلەر — قادرو، تورتونچي: مجادله، سوغوش قوراللاريغا ايگه بولماق، دوشمانله تيگ حتى اونگ قوتدەن أوستون كوچكه مالك بولماق لازمدر. بيتدی. مُجدالدين احمد.
بومباي، مارت ١٩٣٨.

*

# لهستان وه آلمان طمبوعاتندا ساويت روسيا مسئلەسی

وارشاوادا چيقاتورغان «وسخود»(شرق) مجموعەسی باشقارمامزغا كيلگەن شو ييلغی ايول ـ سەنتابر سانندا بزنی ياقيندان علاقەدار ايته تورغان برنيچه مهم يازی نشرايتمشدر. «آلمانيانگ روسيا سياستنه قاراش»، «يان قوحاژەوسكي(Jan Kucharzewski)نگ سايلانغان فكرلەری»، «ساويت روسيا بيلانسی» باشليقلی يازيلاردا قسماً بزنگ اوچون ده قيزيقارليق وه قيمتلي فكرلەر سرد ايتيلمه كدەدر.

مجموعه باش محرری يان بونچقووسكي‌نگ اوستا قلمندان چيققان باش مقالەده سوغوشقا قادارغی آلمانيانگ روسياغا قاراشی وه سياستی، آلمانلق وه آلمانيانگ روسيانگ قورولوشی وه انكشافنداغی رولی تحليل ايتيليب، تورلو جنسدەن بولغان سبب وه عامللەری كورسەتيلب، بو سياستنگ ١٩١٤نچی ييلی كيليب تيرەلديگی آلمانيا اوچون فجيع نتيجەسينه توختالادر. بو جهتنی تحليل وه ايضاح ايتەركەن، محرر پاۋول روورباخ (Paul Rohrbach) كبی آلمان سياسی يازيچيسينگ سوغوشدان اولگی دور روسيا سياستنده كيچيريلگەن‌خطالار حقنداغی فكرلەرينی نقل ايتەدر. روورباخنگ او دائرەده نورمال شرائط ياراتو اوچون روسيانگ ملی عنصرلار نيگيزينه قورولغان بر نيچه دولتی تشكللەرگه آيريلووی حقنداغی نظريەسينی وه اونگ دنيا سوغوشينا روسيا حقندا قطعی بر سياسی يول تعيينلەمەی كيريلگەنەدەن توققان خطانگ تكرارلانماسلیغی حقنداغی توصيەسينی مخصوص بر اهميتله نقل ايتەدر.



سوغوشدان سوڭ دا مغلوب آلمانيانگ روسيا بيلەن آكلاشيب، بو صورتله أوز أوستونه غالب دوشمانلاری طرفندان يوكلەتيلگەن آغير يوكدەن قورتولو يوللارينی قيديريب كورگەنلگينی، فقط بو سفردە آلمانيانگ ياردەمی بيلەن ايشينی توزاتب باشينی كوتەريب آلغان ساويت روسيانگ قولغا توشوردیگی أيلك فرصتده آلمانيا عليهداری اتفاق يولينا كيريب كيتديگينه وه آلمانيانگ انكشافينا توسقونلق ايته باشلاديغينا اشاره ايتەدر.

سوزينی آلمانيادا ناسيونال سوسياليزم ملی انقلابی ايله باشلانغان دورگه كيچيريب، موندا ساويت روسيادا حاكم مارقسيزم ـ لەنينيزم ايدەسينگ قارا قارشيسی ناسيونال سوسياليزم مفكورەسی ايش باشينا كيلمه كله بر مفكوره كورەشی باشلانديغينی سويلەيدر. بو كورەشنگ نهايت قاندای شكل آلابيلەجەگی حقندا ايمديلك قطعيتله بر نەرسه سويلەب بولماياجاغينی قيد ايتكەن محرر، ايسكی آوستريا دولتی يیری وه منفعتلارينا وارث بولغان بوكونكی آلمانيانگ تمثيل ايتەجەگی يول وه قورويا جاغی منفعتنگ ايسكی آلمانيانيكندەن باشقاراق بولغانينی نظر اعتبارغا آليب ايمديلك بر مفكوره تارتيشماسی شكلنده كورونمه كده بولغان بو كورەشنگ نهايت بو ايكی دائرەدەن تمثيل ايتيلگەن منفعت وه تعقيب ايتيلگەن سياست كورەشی استقامتنده كيگەيو احتمالی فكرينی آلغا آتادر.

مقاله ناسيونال سوسياليزم ملی مفكورەچيلگی طرفندان باشلانغان بو كورەشنگ أوز ملتداشلاری آراسندا ايسكيدەن قالما روسچی وه روسياچی، بو كون فكراً آق روسلارغا متمايل عنصرغا قارشی دا كورەشمەك مجبوريتنده ايكەنينی آيريچا قيد ايتەدر.

نهايت محرر سوزينی موسقوا، ماسونلق وه مارقسيزمنگ باش حرفلەرينی تشكيل ايتكەن «م»گه قارشی يوروتولەجەك كورەشكه كيتريب، لهستان، آلمانيا (ايتاليا، ياپونيا وه باشقا خلقلار)نگ دوشمانی بولغان بو «م»گه قارشی يوروتولەجەك كورەشده توركستان، اوقراينا، قافقاسيا، قارەليا، تاتار ايلی وه باشقالار كبی روسيا اسارتندەن قورتولماق

اوچون چاریشماقدا بولغان طبیعی متفقلارنی ده اونوتماسلق لزومینی قید ایتەدر.

***

«آق چارلاردان قیزیل چارغا» باشلیقلی قوخاژەوسکی اثرندەن آلنغان پارچالاردان عبارت ایکنچی یازینگ قیمتی روسلقنی قاراقتەریزەسندە وە اونگ انقلابی عاملەرینی تحلیل ایتمەسندەدر. مارقسیزم-سوسیالیزم نظریەسینگ روسیادا قالای وەکیملەر طرفندان یایلدیغینی، اصلندە آوروپا فکریاتی محصولی بولغان بو نظریەنگ نیچین روسیادا بو قادار قولایلق وە تیزلکدە یایلیب کوك آتا بیلدیگینی آکلاتاجاق فکرلەر سرد ایتلمەکدەدر. آوروپادا توقان مارقسیزم-قوممونیزم نظریەسینگ نیچین روسیادا بو قادار قولایلقلە یایلیب اورناشا بیلدیگینی قیدیروچیلار اوچون قیزیق بولغان بو یازی عینی زماندا ساویت روسیانگ بو زهرلی دفکورەسینی اوز قولی آستینا توشوروب آلدیغی خلقلار ایچندە ۲۰ یللق تەرروز نتیجەسندە دە یایب اورناشترا آلماغانلیغی سببینی قیدیروچیلارغا دا تایانیق بولا آلیرلق تورتکولەر بیرمەکدەدر.

***

ساویت روسیانگ بوکونکی ایچکی وە تیشقی سیاسی وضعیتینی قیدیرماقچی بولغان اوچنچی یازی ۲۰ییلدان بیری ساویت روسیا وە اونگلە باغلی مسئلەلەر حقندا اورتاغا چیقاریلیب حتی کوبگنە سیاسی باشلارنی یاگلتب کیلە یاتقان معمالاردان بر قانچاسینی آلیب برەر-برەر ایضاح ایتشکە اورونادر.

۱۹۱۷نچی یلی اوقتوبرندەن آلیب بری آرقاسندان بری چیقاریلیب کیلەیاتقان بو نەیرەنگبارلقلارغا آلدانماقدا بولغان دولت حتی بویوك دولتلەرگە اشارە ایتکەن محرر بونلارنگ ایگ سوگغوسی وە ایگ فجیع وضعیتگە اوچراغانی چەخو-سلوواقیانگ عاقبتینی ایسلەتەدر. مقالە صاحبی ساویت روسیانگ ایچکی وە تیشقی سیاستندەکی تدبیرلەرینی تورلوچە ایضاح ایتب ایمدیگەچە آلدانب کیلە یاتقانلارنی هیچ بولماسا کیلەجەکدە



آلدانماسلققا چاقیرادر. ساویت روسیانگ عسکری قوتی وە قیمتی حقندا بیریلب کیلە یاتقان حکملەرنگ دە اونگ تیشقی وە ایچکی سیاسی وضعیتی حقندا بیریلب کیلە یاتقان حکملەر قادار یاگلیش وە آلدامچی ایکەنینی مثاللارلە کورسەتیشکە اورونادر. تورلو یاگلیشلقلار، آلدامچی کورسەتیشلەرگە آلدانب بیریلگەن حکملەر وە او یوزدەن آلنغان وضعیتلەر تنیچسزلق اوچاغی ساویت روسیانگ یگانە حیات منبعی بولوب کیلەدر. او بوندای یاگلیشلقلارنگ ایگ کەتتەسی ساویت روسیانی ملتلەر جمعیتنە کیریتب آوروپا سیاستی قونسەرتندە برنچی کمانچیلق رولینی اوگا بیریب قویغانلق دیب کورسەتەدر.

أوزینی وضعیت وە شرائط ایجابی تورلو شکللەردە کورسەتب کیلە یاتقان ساویت حکومتی بو کون اوزینی تیشقی سیاستدە دونیا پرولەتارلاری، اسیر ملتلەر وەکیچیك دولتلەر حامیسی، دونیا انقلابی باشچیسی، داخلدە دە بویوك روس ملتچیسی شکلندە کورسەتمەکدەدر.

***

آلمانیانگ رسمی ناشرافکاری سانالغان «V. B.» غازیتاسینگ أوتکەن ۹نچی. اوقتوبر سانندا «پان بولشەویزم—پان سلاویزم» (روسیا قولی آستنداغی غیر روس خلقلارغا قارشی یەگی تضییق) باشلیقلی بر یازی باسیلب چیقدی.باش صحیفەدە اورون توتقان بو یازینگ اهمیتیدە او نسبتدە بولووینی تخمین ایتەمز.

ساویت حکومتینگ فین کورفەزندەن آلیب قارا دیگز قیپلارینا طرف اوزانغان تحکیمات اوررونوشلاری وە اونگ افادە ایتدیکی معناغا اشارە ایلە سوزگە باشلاغان یازی اونی روسیا ایمپەریومی قوررولوشندان بیری چارلار باشدا بولغانی حالدا بوتون روسلارنی مشغول ایتب کیلە یاتقان «غربغا طرف ایمتیلیش» دیگەن تیلەکنگ «ساویت پاتریوتیزمی» دورسندە آلغان شکلی وە دوامی دیب ایضاح ایتەدر.

سوزینی بولشەویك روسیانگ آلداب، زورلاب قایتادان قولی آستینا توشوروب آلدیغی غیر روس خلقلارغا قارشی تطبیق ایتب کیلەیاتقان

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سیاستنه کیچیریب، نهایت بو اویوننگ حربیه قومیساری وورووشیلوف طرفدان اورتاغا قویولغان «ساویت پاتریوتیزمی» دیگەن نقطەغا کیلب توردیغینی، کالینین‌نگ ده بو «ساویت پاتریوتیزمی»‌نگ بین‌الملل دنیا انقلابی سیاستی بیلەن هیچ بر قارشیلیغی بولماغانلیغی، تەرسنچه اونی کوچەیتەجەك بر عامل بولغانلیغینی آلغا سوردیگینی یازادر.

بو «ساویت پاتریوتیزمی»‌نگ خلقیات جهتندەن نیگیزینی طبیعی بویوك روس خلقی تشکیل ایتەدر. بو حاکم روس ملتی‌نگ تمثیل ایتدیگی حکمرانلقنگ یوکی‌ده طبیعی اسیر غیر روس ملتلەرنگ اوموزندادر. وقتیله موسقوا چارلیغینی قوروب اونی روسیا ایمپەریومی حالنه قویغان دا شو بویوك روس خلقی بولغانی کبی داها سوگرا «پان سلاویزم» آقیمی‌دا عینی نیگیزدەن چیققان‌ایدی. دنیا سیاستنده روس-سلاو باشچیلیغی، موسقوانگ ۳نچی هەم ده سوگنچی روما ایمپەریومی بولووی فکرینی یاراتیب، بونگ اوچون ده «غربغا طرف ایمتیلیش» لزومینی چیقارماقله روسیانی دنیا سوغوشینا حاضرلاغان عنصرنگ ایگ مهملەرندەن بری‌ده شو پان سلاوچیلق جریانیدر. دنیا پرولەتارلاری باشلیغی، «مظلوم ملتلەر حامیسی» دنیا انقلابی رهبری کبی یالتراق نظریەلەر بیله سوسلەنگەن «پان بولشەویزم» موسقواسینگ تعقیب ایتدیکی یول دا بوندان باشقا بر نەرسه ایمەسدر.

بو کونکی قیزیل قرەمل اویونلاری یوکی ده ایسکیده گیسی کبی اسیر ملتلەر اوموزندادر. کون کوندەن آغیرلاشب بارایاتقان بو اسارت یوکینی کورسەتو اوچون محرر (سوزده گنه بولسادا—ت.) ایمدیگەچه بیریلب کیلگەن تیل وه کولتور ساحەسنداغی جزئی حقلارنگ‌دا بیتریلمەك أوزره بولوندیغینی، بونگ أوچون ده یاقیندا «پراودا»دا چیققان ملی جمهوریتلەرده روس تیلینگ رسمی وه مکتب تیلی قیلینیشی حقنداغی بر یازینی ایسلەتەدر.

اگرده قیسقاغنا مضمونینی کیتردیگمز، رسمی ناشرافکارنگ باش صحیفەسنده اورون توتقان بو یازی بر درجه‌گه قادار رسمی کوروشکه



ده ترجمان بولاآلیرلق ماهیتده ایسه اوننگ تمثیل ایتدیکی توغرو فکر-لەرنگ قیمتی بر قات داها آرتقان بولادر. بزچه اوننگ ایگ مهم قیمتی ۲۱ ییلدان بیری سویلەب کیمسه‌گه تیکلاتا آلمای کیلدیگمز نقطهٔ نظرنی بر درجه‌گه قادار تمثیل ایتمەسندەدر. ایسکیده حاکم ملت بولغان روس-لقنگ بوکون ده عینی وضعیتده بولغانینی، ساویت روسیانگ دا عینیله ایسکی روسیا هدفینی تعقیب ایتب، عینیله اوننگ یولندان یوروب بارا یاتقانینی بز ییللاردان بیری تکرارلاب کیلەمز. شو نقطەدان قاراغانداغنا ساویت روسیاداغی حقیقی وه فجیع وضعیتنی هەم ده غیر روس خلقلارنگ حرکت وه ایمتیلیشلاری ماهیتینی توغرو کوروب، آگلاب بولادر.

تیمور اوغلی.

*

# تورکستاندا ساویت عالی شورالاری وه باشچیلغی

أوتکەن ساندا تورکستاندا فرقه مرکزلەری وه ساویت حکومتلەری باشینا یەگی کیتریلگەنلەرنگ لیستەسینی بر جدول حالندا نشر ایتکەن ایدیك. بو لیستەنگ تولاشکل آلابیلمەسی اوچون شو ییل اییول آیندا بولوب‌اوتکەن عالی شورا قونغرەلەری قوررولوشی وه اونلار طرفدان سایلاب قالدیریلغان مرکزی عالی شورا هیئتلەری باشچیلغینی‌دا کور-سەتب اوتو کیرەك.

قازاغستان عالی شوراسینا—۳۰۰، قیرغزستان عالی شوراسینا—۲۸۴، أوزبیکستان عالی شوراسینا—۳۰۰، قارا قالپاغستان—۱٤۹، تا-جیکستان—۲۸۲، تورکمەنستان عالی شوراسینا—۲۲٦ اعضا سایلاندی.

بو عالی شورالارنگ توزولوشی‌حقندا بر تصور ایدینه بیلمەك‌اوچون هیچ بولماسا اونلاردان بریسینگ قوررولوشینی کوزدەن کیچیریب‌أوتەیلیك:

قازاغستان عالی شوراسینا سایلانغان ۳۰۰ اعضانگ — ۱۱۲سی (یاخود ۳۷،٤ پروسەنتی) ایشچی، ۱۱٦سی (یاخود ۳۸،٦ پروسەنتی) قولخوزچی دهقان، ۷۲سی (یعنی ۲٤ پروسەنتی) مأمور وه ساویت ضیا-لیلارندادر.

ملی قورولوشندا —(١٥٢سی قازاق، ٣ی أوزبیك، ٣ی تاتار، ٣ی اویغور) ١٦١ یرلی تورك خلقی منسوبله‌رنده‌ن بولوب، قالغانی کیلگیندیله‌ردر.

| جمهوریت: | عالی‌شورا مرکزهیئتی (پره‌زیدیومی) رئیسی | ١ نچی اورونباسار | ٢ نچی‌اورونباسار | ٣ نچی اورونباسار |
|---|---|---|---|---|
| قازاغستان | قازاقبای اوغلی عبدالصمد | بارانوف، ای. آ. | ایرمحمد قیزی، | — |
| قیرغزستان | تولوبای اوغلی حسن‌علی | آمانقول قیزی حلیمه | — | — |
| أوزبیکستان | آخونبابا اوغلی یولداش | یه‌متسه‌ف، و. یا. | بیکنظر اوغلی ایریمبه‌ت | محمود قیزی خرسند |
| قاراقالپاغستان | بیکنظر اوغلی ایریمبه‌ت | قوندراشکین، و.ن. | جاریمبه‌ت قیزی دولت بیکه | — |
| تاجیکستان | شاه‌گدای اوغلی منور | باژولین، گ. ن. | علی‌مردان اوغلی عبدالرحمان | — |
| تورکمه‌نستان | بابا اوغلی خیوه‌لی | گوبنین، و. س. | سیدقول قیزی اوغولمراد. | — |

*

## بین‌الملل تومو شدان

مونخین آکلاشماسندان سوك آوروپانگ که‌تته وه کیچیك دولتله‌ری جهان سوغوشی وه وه‌رسای معاهده‌سی نتیجه‌سنده پیدا بولغان بوتون بین‌الملل سیاسی مناسبتله‌رینی قایتادان قاراشتریب تیکشریشکه باشلادیلار. وه‌رسای معاهده‌سینگ یاراتدیغی أیگ بویوك بین‌الملل مؤسسه‌—ملتله‌ر جمعیتی نفوذ وه اعتبارینگ نه قادار توشکه‌نلیگینی بیلیش اوچون چه‌خو-سلوواقیا بحرانی چاغی وه بوتون آوروپا سوغوشغا حاضرلانیب یاتقان زمان، ساویت حکومتی ممثلی لیتونوفدان باشقا بریسینگ ده بو بویوك مؤسسه‌نی آغزیغا آلماغانینی ایسله‌ب أوتوش یته‌رلکدر. لیتونوفنگ آلمانیا—چه‌خو-سلوواقیا مناقشه‌سی ملتله‌ر جمعیتی طرفدان قارالسا ایدی دیگه‌ن اشاره‌سی ده ملتله‌ر جمعیتی اعضالاری طرفدان بیر «پرووقاسیون» اولاراق آکلاندی وه بوجمعیت اعضاسندان بریسینگ‌ده خوشیغا کیتمه‌دی! آلمانیانگ اورتا، جنوب - شرقی آوروپاغا قارای ایمتیلیشیغا توسقون



بولوش أوچون قورولغان یوغو-سلاویا، چه‌خو-سلوواقیا وه رومانیادان مرکب «کیچیك آنتانتا اتفاقی» أوز أوزینده‌ن یوق بولدی. همان شو «آلمانیا تهلکه‌سی»گه قارشی توزولگه‌ن فرانسا—ساویت روسیا اتفاقی هه‌م تأثیرسز چیقیب قالدی... وه‌رسای معاهده‌سینگ یاراتدیغی مناسبتله‌ر «خرابه‌سی» اورنیغا یه‌گیده‌ن، باشقاچاراق اساسقا قویولغان بین‌الملل مناسبت توزوش حرکتله‌ری باشلانماقدادر. بو حرکتله‌رنگ باغیتی بیر طرفدان آلمانیا ایله ایتالیا، ایکنچی طرفدان اینگلته‌ره ایله فرانسا تو-توب، بولار ایسکی رقابتنی قویوب، بیرلیکده چالیشماق چاره‌له‌رینی آقتاریش یولونداد‌رلار.

آوروپا دولتله‌رینگ قبول ایتدیگی بو یه‌گی سیاستنگ نظردقتمزنی آیریچا تارتیب تورغان مهم بر نقطه‌سی — یه‌گی آکلاشمادان ساویت روسیانگ چیتده قالدیریلیشی‌در. مونخین آکلاشماسی چاغندا کیمسه‌نگ ده ایسله‌مه‌دیگی وه ایسته‌مه‌دیگی ساویت روسیا بو آکلاشمادان سوك دا هیچ‌کیمنگ خاطریغا کیلمه‌سده‌ن قالماقدادر. ساویت حکومتی چیتده قالدیریلدی دیمه‌ك فرانسا وه آلمانیا مناسبتله‌رینگ یاخشیلانا باشلادیغی دیمه‌ك در؛ بو ایکی بویوك دولتنگ آراسی توزه‌لمه‌گونچه آوروپاغا تینچلق وه صلح یوق! اونگچونددر که، آوروپانگ ایمدیگی بوزغونچلغند-دان فایدا کوره تورغان ساویت حکومتی بار کوچینی فرانسا بیله‌ن آلمانیا آراسینی یاقینلاشترماسلق أوچون صرف ایتمه‌کده‌در.

٢— ماجارستان بیله‌ن چه‌خو-سلوواقیا آراسنداغی مناقشه آلمانیا ایله ایتالیا حکومتله‌ری واسطه‌چیلیغیله حل ایتلدی. ماجارستان چه‌خو-سلوواقیادان طلب ایتدیگی توپراقنگ دیه‌رلك بوتونیسینی آلا بیلدی؛ بونیگله ییللاردان بیری بوتون آوروپا سیاسی هواسینی بولوتلاندیریب کیلگه‌ن چه‌خو-سلوواقیا مسئله‌سی حل ایتلگه‌ن حسابلانادی. ایسکی چه‌خو-سلوواقیا بوکون یوق. اونگ اورنیغا چه‌خ، سلوواق وه قارپات اوقراینالیلاریندان مرکب فه‌ده‌راتیف (برله‌شیك) جمهوریت پیدا بولدی وه یه‌گی دولت چه‌خ خارجیه ناظری خوالقوفسکی‌نگ دیدیگینه کوره،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

خارجی سیاستینی ایسکی چەخو-سلوواقیا کیبی فرانسا وە ساویت روسیا ایمەس، آلمانیا ایلە ایتالیاغا تایانیب یورگوزمەکچی‌در.

۳— اوتکەن اوقتوبر آیی ایچندە ختای بیلەن سوغوشندا یاپونیا ایکی بویوك موفقیت قازانیب چیقدی: ختاینڭ أیگ کەتتە شهرلەریندەن «قانتون» وە «خانکاو» یاپونلار قولیغا توشدی؛ بونیڭلە ختای‌نڭ تورت پایتختی — پەکین، نانکین، قانتون، خانکاو — یاپونلار قولینا أوتکەن بولدی. خانکاونی آلماقلە یاپونلار آوروپا وە آمریقادان ختایغا کیلە تورغان قورال وە باشقا هەر تورلو ماللار یولینی قاپاب قویغان بولدیلار. چانقای-شەك حکومتی یاپونیاغا قارشی سوغوشنی دوام ایتدیریشکە قرار بیرگەنینی سویلەسە هەم طبیعی بایلیغینڭ یوزدە سکسەنیدەن آیریلیب قالغان ختاینڭ قارشلغی نە قادار اوزون وقت چوزولە بیلەر ایکەن؟

یاپونیا حکومت باشلوغی خانکاونی آلغاندان سوڭ آمریقا وە آوروپا دولتلەرینڭ ختای بیلەن أوز منفعتلاریغا یاساديقلاری غیر مساوی معاهدەلەرینڭ لغو ایتلیش زمانی یاقینلاغانینی اعلان ایتدی.

٤— ۱۹۳٦نچی یلی ۱۹نچی آپریلدە باشلانغان فلسطین عربلاری قوزغالانی سوڭ ٤-٥آی‌ایچیدە باردیقچا آغرلاشیب کیتدی. فرانسزچە «تاڭ» غازیتاسینڭ (۲ نویابر ۱۹۳۸) فلسطین‌دا چیقاتورغان «Palestine Post» (پالەستین پوست) نام غازیتادان آلیب باسدیغی معلوماتغا کورە، شو یل ایپول آییندان بیری فلسطیندا أولدورولگەنلەرنڭ سانی ۱۳٥۷ بولوب، بونلارنڭ ۲۱۹ی یهودی، ٤۲سی انگلتەرە تبعەسی، قالغان ۱۰۹٦ کشی عربلاردر. یارالانغانلارنڭ سانی ۱۱٦۲ بولوب، اولارنڭ ٤٥۲سی یهودی، ۱۳۸ی انگلتەرە تبعەسی، ٥۷۲ کشی عرب در.

یالغز اوقتوبر آیی ایچندە ٥۲۰ کشی أولگەن؛ بولاردان ۳۷٦ کشی عرب، ٥۸ یهودی وە ١٤ نگلتەرە تبعەسی‌در؛ یارالانغان ۲٤۰ کشینڭ ۱۱۳ی عرب بولوب، ٦۱ی یهودی وە ٦٦سی انگلتەرە تبعەسی ایکەن.

بو رقملاردان کورونەدرکە بیریلگەن قوربانڭ کوپچیلگی عربلاردان‌در.



بزنڭ سیمپاتیمزا قایسی طرفدا، بونی آیتب اوتوروشنڭ حاجتی دە یوق: فلسطین عرب یورتی وە عرب یورتی بولوب قالمالیدر.

عربلارنڭ عصیانی سببی وە مقصدی اوقوچیلاریمزغا معلوم‌دور: عربلار فلسطین‌نڭ یهودی دولتیگە آیلانیب کیتیشیگە قارشی، یهودی مهاجرلەرینڭ فلسطین‌غا کیلمەسلیکلەرینی طلب ایتەدرلەر. حقیقتاً دە سوغوشدان اول فلسطین‌دا تخمیناً ٥۰ میڭگنە بولغان یهودیلار سانی بوکون ٤۰۰ میڭگە ییتکەن!

بوکون دوام ایتمەکدە بولغان عصیانڭ چیقیشیغا انگلتەرە حکومتینڭ فلسطین‌نی عرب وە یهودی دولتی کیبی ایکی قسمغا بولوش پروژەسی سبب بولغان ایدی. عربلار بوڭا قارشیدرلار؛ اولار فلسطین‌نڭ‌دا عراق کیبی مستقل عرب دولت بولوشینی وە یهودیلەرنڭ اوندا آزچیلق حقندان‌غنا استفادە ایتب یاشاییشینی ایستەیدرلەر. عربلارنڭ اوچراتیب تورغان قیینلقلاری — اولارنڭ یالغز یهودیلەر بیلەن‌گنە سوغوشماسدان، انگلتەرە ایلە دە مجادلە ایتمەك مجبوریتی سیزگەنلیکلەریدر.

سوریە وە عراق عربلاریندان باشقا فلسطین عربلارینڭ قهرمانچا یورگوزوب کیلەیاتقان ملی سوغوشیغا کورونەرلیك یاردەم ایتب تورغانلار یوق کیبی. شو فرصتدە بالخاصە «اسلام برلگی»ندەن کوبرەك سویلەوچی اوقوچیلاریمزنڭ نظر دقتینی آیریچا بیر مسئلەگە تارتیب أوتەمز: أوتکەن اوقتوبر باشلاریندا فلسطین عربلاریغا یاردەم یولینی آقتاریش وە دنیا یهودیلەر برلگیگە قارشی اسلام دنیاسی برلگینی کورسەتیش اوچون مصر پایتختی قاهرەدە «اسلام قورولتایی» توپلاندی. بو قورولتایغا، آفریقاداغی سودان، جزائر، تونس، طرابلس، مراکش کیبی عرب أولکەلەری بیر طرفدا قالا بارسین، آفغانستان، ایران، تورکیە، حتی حجاز وە شرق‌الاردن کیبی فلسطین‌غا أڭ یاقین اسلام دولتلەرندەن دە ممثللەر قاتناشمادیلار.

بیز بونیڭلە سیاسی کورەشدە دین برلگینڭ، دین برادرلگینڭ،

حتی—سیاسی وضعیتگه قارای اوز باشیغا آیری بیر دولت قوروب آلا-
بیلگه‌ن توغما، قارداش بر أولکه‌نگ ملی قورتولوش حرکتیگه هه‌ر
وقت یارده‌می بولمایتورغانینی کورسه‌تیب أوتمه‌کچیمز. م.

# تورکستان خبرله‌ری

## ایکین ساحه‌لارندا سیچانلار

«ساویت تورکمه‌نستانی»نگ ۱۷.۸.۳۸ تأریخلی سانندا، «سیچانلارا قارشی به‌رك گوره‌شمه‌لی» باشلیقلی بر خبرده بیلدیریلدیگینه کوره، اوزونچا وقتدان بیرلی ته‌جه‌ن رایونی قولخوزلارینگ ایکین میدانلاریندا سیچانلار توره‌مش وه بولار کون‌کونده‌ن کوپه‌یب أیکینله‌رنی خراب ایتمه‌کده ایمشله‌ر. قولخوزلارنگ دان اونومینی‌کوب خراب ایتکه‌ن سیچانلار قاوونلارنی‌دا خراب ایتمه‌کده ایمش. خبرنگ سوگی: «سوگی‌و اون گون ایچنده سیچانلارینگ شهرده ده کوپه‌یه باشلادیغی به‌للی. شویله ده بولسا شو وقته چه‌ئلی سیچانلاری یوق ایتمه‌گگ چاره‌سینی کورمه‌یورلار» دیگه‌ن جمله‌لر ایله آیاقلانمشدر.

## تاشکندده بر تیاترو بناسی سالیش لایحه‌سی بیش یاشغا کیردی

بوندان تورت ییل ایلگه‌ری، ۱۹۳٤نچی ییلنگ یازندا، ساویت غازیتالاری تاشکندده پاریس بویوك اوپه‌راسی طرزنده یه‌گی وه بویوك بر تیاترو بناسی سالینا باشلاغانلغینی خبر بیرمش وه بو خبر وقتیله آوروپا مطبوعاتینا دا عکس ایتمشدی. هه‌ر طرفدا بویوك علاقه اویغاتقان بو خبرنگ ایچ یوزی وقتیله، مجموعه‌میزنگ ۱۹۳٦نچی ییلی مای‌نسخه‌سندا «تاشکند دولت تیاتروسینگ تأریخچه‌سی» باشلیقلی مقاله‌ده آچیق تحلیل ایتلیب، تیاترونگ سالینا باشلاغانلغی رد ایتلیب هنوز لایحه ایکه‌نلگی ایسله‌تیلمشدی وه: «تاشکند شهرینگ پاریس‌نگ بویوك اوپه‌را بناسی طرزنده بویوك بر تیاتروغا ایگه بولماقدا ایکه‌نلگی حقندا تاراتیلغان وه هه‌ر تاماندا علاقه ایله قارشیلانغان خبرده، انسانلارنی آلداو وه‌کوز-



له‌رنی بویاو أوچون یاسالیب کیلگه‌ن ساویت پروپاغاندالارندان بری‌ایدی. آرتیق بو تیاترو لایحه‌سینگ دا، خلقنگ مدنی احتیاجلارینی أوته‌واوچون قیلنغان برکوپ پلانلارکبی ایشکه آشیریلمای کاغد أوستونده قالیب کیته‌جه‌گی آگلاشیلماقدادر» دیلمشدی («یاش تورکستان»نگ ۷۸نچی‌سانی، ۲۳نچی بیتیگه باقیلسین). آرالیقدان شو قادار اوزون زمان أوتدی. ایندی، «قیزیل أوزبیکستان» غازیتاسینگ ۲۳.۸.۳۸ تأریخلی سانندا شوندای بر خبر اوقوماقدامیز: «أوزبیکستان خلق قومیسارلاری شوراسی تاشکندده‌گی آقاده‌میك تیاتر بناسینی‌کیله‌ر ییلنگ برنچی یانواریدان باشلاش توغروسیدا قرار چیقاریشی مناسبتیله، بناکارلق باشلوغی مهندس ریتیکوف ماسکاودا بوتون اتفاق صنعت ایشله‌ری قومیته‌سی بیله‌ن قورولوش اوچون مبلغ بیریش وه لایحه‌نگ ته‌خنیکا تفصیلاتلاری توغروسیدا سوزله‌شه‌دی. کیینگی وقتلاردا تاشکند آرخیته‌کتورلاریدان وه مهندسله‌ریده‌ن بعضیلاری آقاده‌میك تیاتر بناسینی قیزیل میدانغا قوروش فکرینی ایلگه‌ری سورگه‌ن ایدیله‌ر. لاکن بو فکرنی یاقلاوچی بولمادی. تیاتر بناسی بوندان ایلگه‌ری بیلگیله‌نگه‌ن جایغا—سابق پیانبازار میدانیغا قورولادی.» دیلمه‌کده‌در. دیمه‌ك تاشکندنگ پیانبازاریدا تیاتروبناسی قورماق پلانی بوندان تورت ییل ایلگه‌ری قاندای ایسه، ایمدی ده اوشاندای بر لایحه‌دان عبارت بولوب قالماقدادر. حقیقی‌ایشکه باشلاودان اثرده یوق!

## قیشلاق شورا رئیسله‌ری أوچون اوچ آیلق قورس

أوزبیکستان عالی شوراسینگ تاشکند ولایتی تشکیلات قومیته‌سی قیشلاق شورا رئیسله‌رینگ سیاسی وه عمومی معلوماتینی آشیریش مقصدیله اوچ آیلق قورس آچمشدر. قورسقا ۹۰ کشی قبول قیلینمش. اولار آراسیدا قیشلاق شورا رئیسی بولوب ایشله‌مه‌گه‌ن آکتیفله‌رده‌ن ۲۰گه یاقین‌کشی بار ایمش. اوقوچیلاردان ٥کشی أوزبیکستان عالی شوراسینگ دیپوتاتلاری بولوب، اتفاق عالی شوراسی دیپوتاتی عارف قیزی تورسون هه‌م شو قورسدا اوقیتورغان بولغانمش. («ق. أوز.» ۲.۹.۳۸).

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

## تورکستانڭ جنوب چیگەرەسندە

ساویت تەلغراف آژانسینڭ شو یل ۳نچی سانتابردە تاراتقان بر خبریگە کورە، قاراقوم چولیدە شوندای بر وقعە بولمشدر: چیگەرە ساقچیلاری باشلوغی وە سیاسی رهبر اورونباساری ووستریکوف میرآلای آستافیەف باشلوق بولغان چیگەرە آترادی (فرقەسی) اوچ سوغوشچان بیلەن برگە چیگەرەنڭ بر قسمینی آتلیق کیزیب یورگەن ایکەن، ایرتە بیلەن تاڭ آتاردا بولار بر آتلیقنڭ چیگەرەدەن أوتوب، ساویت توپراغینا کیریب کیتکەن ایزینی کورمشلەر. بو توغرودا تیز تیپشلی اورونغا خبر بیروب، یاریم کیچە گەچە ایزلەب، نهایت ۱۲ ساعتدان سوڭ چیگەرەدەن أوتکەن کشی تاپیلیب، قورالسز لانتریلمشدر. قولغا توشکەن کشی بر چیت دولتنڭ کەتتە جاسوسی ایمش.

چیگەرە قوروقچیسی لوشاکوف ایلە ینە ایکی ساقچیدا چیگەرەدەن أوتوب کیرگەن ایکی کشینڭ ایزینی کورمشلەر وە ٦۰ کیلومەتر یول یوروگەندەن سوڭ اونی اوشلاب آلمشلار. او کشی ساویت چیگەرە ساقچیلاریغا قورال بیلەن قارشی تورمش، فقط موفق بولالمای قورالسز لانتریلمشدر. بو اوشلانغان کشینڭ یانیدان «ستریخنین» دیگەن زهر (کوچەلە) تاپیلمشدر. سویلەندیگینە کورە، بو جاسوسغا چیگەرە دائرەسیدەگی سولارغا زهر سالیش تاپشیریلغان ایکەن.

ساویت چیگەرە قوروقچیسی لیالیکوف ایسە، أوکچەسی آلدیدا بولغان وە اوچی آرقاسیغا قاراتیلیب تیکیلگەن ایتیك کییب ساویت چیگەرەسیگە کیرگەن بر کشینڭ ایزینی تاپمشدر. («ق.أوزبیکستان» ٦.۹.۳۸).

## بولشەویك مطبوعاتی قادروسی

«ساویت تورکمەنستانی» غازیتاسینڭ تشبثی ایلە برنیچە رایونلارنڭ غازیتا باشقارمالاری یانیدا ۲٤نچی آوغوستدا ایشانچلی مخبرلەرنڭ بیش کونلوك سەمنارلاری اوتکەزیلمشدر. بو سەمنارلارغا اوبالارداغی مخبرلەر ایلە بعضی قولخوزلارداغی دیوار غازیتالاری یازیچیلاری چاقیریلمشلار وە اولارغا بیش کون سیاسی قونفرانسلار بیریلەرەك مخبرلك وظیفەلەری حقیدا معلومات بیریلمشدر. («س. تورکمەنستانی» ٦.۹.۳۸).

تاشکندە آچیلغان غازیتاچیلق مکتبینی برنچی مارتدا ۳۹ ستودەنت بتیریب چیقمشدر. مکتبنی بتیروچیلەر لەنینزم، بولشەویك فرقەسی تأریخی، ادبیات وە غازیتا ایشی کبی ۱۲ فن اوقوغانلار ایمش. غازیتاچیلق مکتبینی بتیرگەنلەر شهر وە رایون غازیتالاریغا مسئول کاتب، مدیر وە ادبی خادم اولاراق بیلگیلەنمشلەر. («قیزیل أوزبیکستان» ۳۸. ۹. ۱۰).

## ینە «یەڭی فەرغانە» غازیتاسیدان شکایت

خوقند شهریدە چیقاریلاتورغان «یەڭی فەرغانە» غازیتاسیدان وە اونی باشقاروچیلاردان تیز-تیز شکایتلەر ایشیتیلیب تورادر. بو غازیتانڭ ٦٤٥دەن کوپرەك ایشچی-قولخوزچی مخبری بار ایکەن. بولارنڭ سیاسی تربیە ایشلەری قانیقارلیق ایمەسمش وە غازیتا محرری بختیار اوغلی ایسە بو جهتنی اهمال ایتب کیلەرمش. شوڭا اوخشاش شکایتلەر رایون غازیتالاریدان «غلبە» ایلە «قوموُنیزم یولی»دان دا قیلنماقدادر. («قیزیل أوزبیکستان» ۳۸. ۹. ۱۱).

## بالالار اویلاری نە حالدە؟

«أوزبیکستاندا بولغان ۱۱۲ بالالار اوینڭ ۸۰ دەن آرتیغی یاخشی قیشلیق بنالارغا ایگە ایمەس: کوپ بالالار اویی ایلگەری بایلارغا قاراشلی بولوب، حاضر قولاش حالیناکیلیب قالغان. کیینگی یللار ایچیدە بو بنالار رەمونت کورمەگەنیدەن جودە یامان احوالغا توشوب قالغان. تاشکند وە سمرقنددەگی بالالار اویلاری تیزلکدە تعمیر قیلیشنی طلب ایتەدی؛ بولماسا بو بنالاردا تورۇب بولمایدی. ۱۹۳۸نچی یلدا بالالار اویلاری بنالارینی تعمیر قیلیش أوچون بودجەدە آجراتیلغان پول آز ایدی..» («قیزیل أوزبیکستان» ۳۸. ۸. ۱۵).

Verantwortlich für Verlag und Redaktion: Dr. Tahir Schakir, Berlin-Wilmersdorf
*Buchdruckerei „VIKTORIA" GmbH., Charlottenburg 1, Spreestraße 8*
(4440) مسئول مدیری دوقتور طاهر شاکر.

# Yach Turkestan

Novembre 1938 (Le Jeune Turkestan) No. 108

Revue mensuelle

**Organe de la lutte nationale pour l'indépendance du Turkestan**

Rédacteur en Chef: **Mustafa Tchokai-Oghly**

یولیمزغا توغرو کیلگەن بوتون یازولار اوچون مجموعەمزنگ بیتلەری آچیقدر. باسیلماغان یازولار قایتاریلماس.

## آبونه شرطلاری:

ییللیغی 120 فرانسز فرانقی، آلتی آیلیغی 65 فرانق، اوچ آیلیغی 35 فرانق.

---

## باشقارمامیزغا کیلگەن اثرلەر

۱ــ محمد عیاض اسحاقی: «اویگه طابا»، حکایه، ۸۸ ص. «ملی یول» نشریاتی. ۱۹۳۸

بهاسی: بر مارق ۵۰ فەننیك. سوراتو اوچون آدرەس: Redaktion «Yana Milli Yul» Berlin-Chrlottenburg 1, Postfach Nr. 8.

۲ــ یراق شرقده یاشاوچی ایدیل-اورال تورك-تاتار مسلمانلارینگ دینی-ملی مرکزینگ قانون اساسی وە شعبەلەرینگ نظام نامەسی. موقدین ۱۹۳۸؛ ٦۸ ص.

## توزەتیش

۱ــ «یاش تورکستان»نگ ۱۰۷نچی سانی، ٤۳نچی بیتندەگی ۱۰نچی قاتار اورنیغا «رندان دوبووی تعیین اینلگەن ایدی. ریقوف، بوخارین، پیاتاکوف» سوزلەری قویولوب اوقولسون.

۲ــ عینی سانگ ٤٥نچی بیتندەگی ۱٤نچی قاتار اورنیغا «حکومتینگ بو خلقلارنی قانلی بر تەررور بیلەن گنه توتوب تورا بیلدیگینی یازادر.» سوزلەری قویولوب اوقولسون.

۳ــ عینی ساندا 30نچی بیتده آتالغان تورکمەنستان صنعت ایشلەری باشلوغینگ آتی «لیتوینەنقو» در.

---

مجموعەمزغا تیێشلی هەر تورلو یوللانمالار اوچون آدرەس:

**Mustafa Tchokai-Oghly**

7, Square de la Fontaine

**Nogent s. Marne** (Seine)

France